# رامىزاندىن ئىلگىرى ۋە كېيىن

[uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية]

ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ﴿ ما قبل رمضان وبعده ﴾

«باللغة الأويغورية»

ن.تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 - 1432

IslamHouse.com

# رامىزاندىن ئىلگىرى ۋە كېيىن

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە دائىمى مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! رامىزان ئېيىغا ساناقلىق بىرنەچچە كۈنلا قالدى... بىز بۇ مۇبارەك ئاينى غەنىمەت بىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى ئىبادەت مەۋسۇمىغا يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىش ئاساسىدا بۇ يىلقى رامىزان ئېيىنى ئۆتكەن يىلدىكىدىن مۇكەممەلرەك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم بولىدۇ.

بۇ مۇبارەك ئاي بولسا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ نەپسىمىزنى ئىبادەتكە ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بۈيۈك بىر پۇرسەت بولۇش بىلەن بىرگە، دىنى ۋە مىللى ئەخلاقى ئۆرپ-ئادەتلەرگە يات بولغان ئىشلاردىن ئۈزۈل-كېسىل قول ئۈزۈشىمىز ئۈچۈن تېپىلماس بىر پۇرسەتتۇر. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، بىز بىلىدىغان كىشىلەردىن ئۆتكەن يىلى رامىزاندا كۆرگەن ياكى بىرگە تەراۋىھ ئوقۇغان كىشىلەردىن بىرنەچچىسىنىڭ بۇ يىل رامىزانغا يېتەلمىگەنلىكىنى كۆرۈۋاللايمىز. مەن ۋە سىزمۇ بەلكىم كېلەر يىللىق رامىزاندا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بولماسلىقىمىز مۇمكىن. ئىش

ئۇنداق بولغانىكەن، ـئاللاھ يەتكۈزسەـ بىز چوقۇم بۇ يىلقى رامىزان ئېيىنى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇن، ئىسلاھات ئېيى قىلىپ بېكىتىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:« ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە( يەنى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.( يەنى ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت - ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ». رەئد سۈرىسى 11ـئايەت.

ھەر بىرىمىز شەخس بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مەنىۋىيىتىمىزنى ئىسلاھ قىلمىساق، ئائىلىمىزنى ئىسلاھ قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايمىز، ئائىلىمىزنى ئىسلاھ قىلالمىغانكەنمىز، جەمئىيەت ئىسلاھاتىدىن ئېغىز ئېچىش يوق دېگەن گەپ. مەنىۋى ئىسلاھاتقا يۈزلىنىشىمىز بولسا، ئۆزىمىز ۋە ئائىلىمىزنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان باشلامچى ھەرىكەت بولۇپ، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتىمىزنىڭ سائادەت ئىچىدە ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلالايمىز. ئاللاھ تائالانىڭ كاپىرلار ئۈچۈن ئالدىنئالا تەييارلىغان دوزاخ ئازابىغا بىزنىڭ

دۇچار بولۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.» [سۈرە تەھرىم 6-ئايەت].

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! بىز بۇ مۇبارەك رامىزان ئېيىنى تولۇق ياخشىلىق ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىدىغان ئەمەللەر بىلەن ئۆتكۈزىشىمىز كېرەك. رامىزان ئېيىدىكى پەزىلەتلەرگە ئەھمىيەت بەرمەستىن ئۆتكۈزۈۋېتىش بولسا، مۇسۇلمان ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ زىياندىن ئىبارەتتۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر كۈنى نۇتۇق سۆزلەش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىقتى-دە، ئۈچ قېتىم تەكرار ئامىن دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق، خۇتبە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىز رەسۇلۇللاھتىن نېمە ئۈچۈن ئۈچ قېتىم تەكرار ئامىن دېگەنلىكىنى سورىۋىدۇق، رەسۇلۇللاھ: مەن مۇنبەرگە

چىقىۋاتقىنىمدا جەبرائىل ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ: ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! "رامىزان ئېيىغا يەتكۈزۈلۈپ، گۇناھى كەچۈرۈلمىگەن قىلىنمىغان كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي" دەپ، ئامىن دېگىن دېدى، مەن ئامىن دېدىم. "ئاتا-ئانىسى ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ھايات بولغان تۇرۇقلۇق، ئۇلارغا خەيرى-ئېھسان قىلمىغان كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي" دەپ، ئامىن دېگىن دېدى، مەن ئامىن دېدىم. "سېنىڭ ئىسمىڭ تىلغا ئېلىنغاندا ساڭا دۇرۇت ۋە سالام يوللىمىغان كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي" دەپ، ئامىن دېگىن دېدى، مەن ئامىن دېدىم.

يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا قارايدىغان بولساق، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئەگەشمەي تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغانلىڭ ھېچ ئەھمىيىتى بولمايدىغانلىقى چۈشىنىۋالايمىز. ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە مەغپىرىتى بولسا، ئاللاھنىڭ دىنىغا تولۇق ئەمەل قىلغانلار ئۈچۈندۇر.

مۇسۇلمان رامىزان ئېيىنىڭ باشقا ئايلاردىن پەزىلەتتە پەرقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشى مۇھىمدۇر. بۇ ئايدا قەدىر كېچىسى بار بولۇپ، ئاينىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە بوشاشماستىن، بۇ مۇبارەك كېچىنى

هاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىبادەتكە تىرىشچانلىق بىلەن تىرىشىشى لازىم. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «قەدىر كېچىسى (پەزىلەت ۋە ساۋابتا) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر.» [قەدىر سۈرىسى 3ـ ئايەت].

ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قەدىر كېچىسىدە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ تۇرغان كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ». [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

ھەدىسلەردە بايان قىلىنىشىچە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە پەرۋەردىگارىغا كۆپ دۇئا قىلىش، زىكىر ئېيتىش ۋە مۇناجات قىلىش ئۈچۈن ئېتىكاپ قىلاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا باشقا كۈنلەردىكىدىن بەكراق ئىبادەتكە بېرىلەتتى.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

ئېتىكاپ قىلغۇچى ئېتىكاپ جەريانىدا ئۆزىنى پەقەت ئاللاھنىڭ تائەت-ئىبادىتى ۋە زىكرىگە مەشغۇل قىلىشى، ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە چىن قەلبى بىلەن ئاللاھقا

يېقىنلىشىشقا تىرىشىشى لازىم. ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە: «رەسۇلۇللاھ رامىزانىنىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلاتتى ۋە رامىزانىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنىڭ تاق كېچىلىرىدە قەدىر كېچىسىنى تېپىشقا تىرىشىڭلار! دەپ مۇسۇلمانلارنى تەشەببۇس قىلاتتى.» [بۇخارى رىۋايىتى].

ئەمەلىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى، ياخشى ئەمەلنىڭ رامىزاندىن كېيىنمۇ ھەرۋاقىت داۋاملاشقانلىقىدۇر. بىز رامىزاندىكى ئىخلاس ۋە قىزغىنلىقنى رامىزاندىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، نەپلە ئىبادەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ھەركۈنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شېرىفتىن ئاز مىقداردا بولسىمۇ ئوقۇشىمىز ۋە ھاياتىمىزدا مەزكۇر ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. ئاللاھقا مۇناجات قىلىپ، لەززەتلەنگەن ۋە تائەت - ئىبادەت بىلەن نېمەتلەنگەندىن كېيىن پىسىق - پۇجۇر ۋە گۇناھ - مەسىيەتكە قايتىۋالغان، ئاللاھنى رامىزاندىلا تونۇيدىغان كىشىلەر نېمىدېگەن ناچار كىشىلەر ھە!. ئاللاھنى ھەرماكان ۋە ھەرزاماندا تونۇيدىغان كىشىلەرگە، دائىمى مېھرىبان ئاللاھتىن خوش بىشارەت بولسۇن!.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ياخشىلىققا يېتەكلەپ، رامىزاندا ۋە رامىزاندىن كېيىنمۇ ياخشى ئەمەللەرنى داۋاملاشتۇرۇشىمىزغا مۇيەسسەر قىلىشىنى سورايمىز.